شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي
23
يەكشەنبە
维吾尔文 6月23日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65—0002/—W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　24735 - سان　بۈگۈن 4 بەت

### جۇڭگو - ئىرېلاندىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 40 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

# شى جىنپىڭ ئىرېلاندىيە زۇڭتۇڭى خىگگىنس بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

### لى كېچياڭ ئىرېلاندىيە زۇڭلىسى ۋارادكار بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىرېلاندىيە زۇڭتۇڭى خىگگىنس بىلەن ئۆزئارا تەبرىك تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ئىككى دۆلەت دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ تەبرىك تېلېگراممىسىدا مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن ئىرېلاندىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 40 يىلدىن بۇيان، ئىككى دۆلەت ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، باراۋەر مۇئامىلە قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش روھىدا چىڭ تۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# جۇڭگو - چاۋشيەن ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ گۈزەل كەلگۈسىنى ئورتاق يارىتىش

## — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاۋشيەندە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغانلىقىدىن خاتىرە

**يازنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىكى پىخيەڭدا مەيىن شامال يۈزنى سىيپاپ ئۆتەتتى، گۈللەرنىڭ خۇش ھىدى ھەر تەرەپكە تارالغانىدى. 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ چاۋشيەندە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى، جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىدىن ئىبارەت مۇھىم تۈگۈندە، ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ ئالاقە تارىخىدا بىر مۇھىم ئابىدىگە ئايلاندى.**

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى خاۋ ۋېيۋېي لى جۇڭخۇا

30 سائەتكە يېقىن ۋاقىت، 11 مەيدان پائالىيەت. ئىككى كۈن ۋاقىتتا، ئايروپورتتا داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈشتىن جۇڭگو - چاۋشيەن دوستلۇق مۇنارىنى يوقلىغىچە، يەنە ئايروپورتتىكى قىزغىن ئۇزىتىشقىچە، كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭ بىلەن بىللە پائالىيەتكە قاتناشتى. بۇ مەزگىلدە، ئىككى پارتىيە، ئىككى دۆلەتنىڭ ئەڭ ئالىي رەھبەرلىرى چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇردى، ئەنئەنىۋى دوستلۇق توغرىسىدا بەھۇزۇر پاراڭلاشتى، دوستانە ھەمكارلىقنى مۇھاكىمە قىلدى، تىنچلىق، مۇقىملىق ئۈستىدە ئورتاق كېڭەشتى، جۇڭگو - چاۋشيەن مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل كەلگۈسىنى پىلانلىدى.

■ **سەمىمىي دوست: دوستانە قوشنا دۆلەتلەر دائىم بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇردى**

6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتە، يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئەمدىلا ئېچىلغانىدى. پىخيەڭ شۈنئەن ئايروپورتىدا، ئۇزۇن قىزىل پاياندار سېلىنىپ، جۇڭگودىن كەلگەن ئەزىز مېھمان كۈتۈۋېلىندى.

«مەن بۈگۈن ئايروپىلاندىن چۈشۈپ تۇرار جايغا بارغۇچە، بارغانلىكى جايدا جۇڭگو بىلەن چاۋشيەننىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىدەك قويۇق كەيپىياتنى ھېس قىلدىم» دېدى باش شۇجى شى جىنپىڭ چوڭقۇر ھاياجان بىلەن.

بۇ، جۇڭگونىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئەڭ ئالىي رەھبىرىنىڭ ئارىدىن 14 يىل ئۆتۈپ چاۋشيەننى يەنە بىر قېتىم زىيارەت قىلىشى، شۇنداقلا پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ تۇنجى قېتىم چاۋشيەننى زىيارەت قىلىشى بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەت يۈكسەك دىققەت قىلدى. چاۋشيەن «ئەمگەك خەۋەرلىرى»: «دوستانە قوشنا دۆلەتتىن كەلگەن ئەزىز مېھمان باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاۋشيەندىكى تارىخىي خاراكتېرلىك زىيارىتى مۇقەررەر ھالدا چاۋشيەن - جۇڭگو دوستلۇق تارىخىدا ئۆچمەس يېڭى سەھىپە يېزىدۇ» دەپ باش ماقالە ئېلان قىلدى.

بۇ چاغدىكى پىخيەڭنىڭ ھەممە يېرىدە قويۇق، چوڭقۇر دوستلۇق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئەمەلىيەتتە، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چاۋشيەن بىلەن بولغان بىر ئالاھىدە «رىشتىسى» بار — ئۇ مەركەزگە كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، تۇنجى قېتىم زىيارەتكە چىققان باش بېكەت دەل تاغ - دەريالىرى تۇتاش مۇشۇ دوستانە قوشنا دۆلەت.

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ زىيارەتكە كېلىشىنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن، چاۋشيەن تەرەپ ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەمدە ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈردى. كومىتېت باشلىقى جىن جېڭئېن بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، بۇ، ئالدىنقى مەزگىلدىكى پىكىر ئالماشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش ۋە كونكرېت كۈتۈۋېلىش تەپسىلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

# ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل ئىچىدە ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسىدە توك باھاسىنى يەنە بىر قېتىم تۆۋەنلەتتى

مۇخبىرىمىز شى شىننىڭ ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىدىن ئىگىلىشىچە، يېقىندا، ئاپتونوم رايون يەنە بىر قېتىم ھۆججەت تارقىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ۋە باشقا تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسىنى تۆۋەنلەتكەن، بۇ قېتىمقى توك باھاسىنى تەڭشەش سىياسىتى 7 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىجرا قىلىنىدىكەن.

1 - تۈركۈمدىكى ۋە بۇ قېتىمقى باھانى تۆۋەنلىتىش تەدبىرلىرىنى ئومۇملاشتۇرغاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ۋە باشقا تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسى ئوتتۇرىچە ھەر كىلوۋات سائەتنىڭ 0.0657 يۈەن تۆۋەنلىتىلگەن، ئوتتۇرىچە تۆۋەنلىتىش نىسبىتى 13.77% كە يەتكەن بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، يىلدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ۋە باشقا تۈرلەردىكى 813 مىڭ خېرىدارنىڭ توك چىقىمىنى 1 مىليارد 93 مىليون يۈەن تېجەپ بېرىدىكەن.

ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ نەنچاڭ يولىدا لازىجىخانا ئاچقان جېڭ جىجيې مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: 2018 - يىلى ئاشخانامنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى 45 مىڭ كىلوۋات سائەتكە يېقىنلاشقانىدى، كېلەر ئايدا توك باھاسى يەنە تۆۋەنلىتىلسە، بۇ يىل توك ھەققى چىقىمىدىن خېلى كۆپ پۇل تېجەپ قالغۇدەكمەن.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتى يېقىندا بېسىپ تارقاتقان «ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ۋە باشقا تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك باھاسىنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىشكە ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»(تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلدى)تا مۇنۇلار ئايدىڭلاشتۇرۇلدى: ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ۋە باشقا تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توكنىڭ سېتىلىش باھاسى 0.04215 يۈەن(باجنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، تۆۋەندىمۇ شۇنداق) تۆۋەنلىتىلىدۇ، ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ۋە باشقا تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان توككا ماس كېلىدىغان ھەر كىلوۋات سائەت توك يەتكۈزۈش - تەقسىملەش باھاسى 0.04215 يۈەن تۆۋەنلىتىلىدۇ، خوتەن ۋىلايىتىدە ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ۋە باشقا تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان توكنىڭ سېتىلىش باھاسى بىرتۇتاش ھالدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا توك باھاسى تەڭشەلگەندىن كېيىنكى سەۋىيەگە تۆۋەنلىتىلىدۇ. تەڭشەلگەندىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئادەتتىكى سودا - سانائەت ساھەسى ۋە باشقا تۈرلەردە ئىشلىتىلىدىغان توك توك بېسىمى دەرىجىلىرى مۇنەدىرىجىسىدىكى سېتىلىۋاتقان ھەر كىلوۋات سائەت توك باھاسى 0.4087 يۈەندىن 0.4157 يۈەنگىچە بولىدۇ.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

# شىنجاڭ 200 مىليون يۈەنلىك توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كىرېدىت خەۋپ - خەتىرى تولۇقلىما فوندى تەسىس قىلدى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى تېلېگراممىسىغا ئاساسلانغان (مۇخبىرلار دۇ گاڭ، ليۇ بىڭ)** شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كەسپىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىليون كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت ئوتتۇرىغا قويغان مۇناسىۋەتلىك قوللاش سىياسىتىدىن كېيىنلا، شىنجاڭ يېقىندا 200 مىليون يۈەن مالىيە مەبلىغى ئورۇنلاشتۇرۇپ، توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كىرېدىت خەۋپ - خەتىرى تولۇقلىما فوندى تەسىس قىلىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئوتتۇرا، كىچىك، ئۈششاق توقۇمىچىلىق، كىيىم - كېچەك كارخانىلىرىنىڭ قەرز ئېلىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنى كېپىللىك بىلەن تەمىنلەپ، كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتتى.

مۇخبىرلارنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق سانائەت ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايوندىكى كۆپلىگەن تارماق يېقىندا بىرلىكتە

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

### لى پېڭشىن قومۇل شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# مۇستەھكەملەش، ئۈستۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، قەرەلدە نامراتلىقتىن يۇقىرى سۈپەتتە قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش - روناق تاپقۇزۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن قومۇل شەھىرىنىڭ ئېيۋىرغول رايونى، ئاراتۈرۈك ناھىيەسى، باركۆل قازاق ئاپتونوم ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى مۇستەھكەملەش، ئۈستۈرۈش خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇردى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇرسەت بىلىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP　微信公众号　新疆日报网　天山网 APP

### چېن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

# باش تېما تەربىيەسىنى كۆڭۈل قويۇپ تەشكىللەپ، پۇختا ياخشى قانات يايدۇرۇپ، مۇقىملىق، تەرەققىيات خىزمىتىنىڭ يەنىمۇ يېڭى سەۋىيەگە كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك




**6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، چېن چۈەنگو قەشقەر داشۆسىدە ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىلەن سەمىمىي پىكىر ئالماشتۇرۇپ، كۆيۈنگەن ھالدا ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سورىدى.**

□ مۇخبىرىمىز سۈي جىجيەن فوتوسى

## ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

مۇخبىرىمىز **ياۋ تۇك** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 21 - كۈنىدىن 22 - كۈنىگىچە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەشقەر شەھىرى، يېڭىشەھەر ناھىيەسى، كوناشەھەر ناھىيەسى، يوپۇرغا ناھىيەسى، تاشقورغان تاجىك ئاپتونوم ناھىيەسىگە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىسىنى ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكنىڭ ئەمەلىي نەتىجە - ئۈنۈمىدە نامايان قىلىش كېرەك.

قەشقەر رۇيى پەن - تېخنىكا توقۇمىچىلىق كەسپلەر باغچىسى، جاۋخۇا ئەقلىي ئىقتىدارلىق پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتى، يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى جىنلياڭ يېزا ئىگىلىك تىجارىتى ئوقەتچىلىك چەكلىك شىركىتىدە، چېن چۈەنگو كارخانا مەسئۇللىرى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن سەمىمىي پاراڭلاشتى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

# ساياھەت ئىنتېپاقلىرى «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى بىرلىكتە ياڭراتتى

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە**
**— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە**

□ مۇخبىرىمىز رېن جياڭ

«چاقچياك دېڭىزى رايونىنىڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەمكارلىق ئىتتىپاقىغا قاتناشقاندىن كېيىن، خوتەن ۋىلايىتىنىڭ ساياھەت تەرەققىياتىدىكى يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى زور دەرىجىدە كۈچەيدى» دېدى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، 2019 - يىللىق چاقچياك دېڭىزى رايونىنىڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەم جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش چوڭ يىغىنىغا قاتناشقان خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت - تەنتەربىيە - رادىيو - تېلېۋىزىيە ۋە ساياھەت ئىدارىسى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى جوۋ نېڭۋېن خۇشال ھالدا.

شۇ كۈنى، چاقچياك دېڭىزى رايونىدىكى شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىدىغان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرى، ساياھەت كوپېراتىپلىرىدىكى مېھمان سودىگەرلەر ھەمدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ مەدەنىيەت - ساياھەت تارماقلىرىنىڭ ۋەكىللىرى ئاقسۇ شەھىرىدە جەم بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ساياھەت تەرەققىياتى چوڭ پىلانىنى بىرلىكتە تۈزدى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا قۇرۇلغان چاقچياك دېڭىزى رايونىنىڭ ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەمكارلىق ئىتتىپاقى ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ھەمكارلىق يېڭى مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ ساياھەت مەھسۇلاتلىرىنى بىرلىكتە ئېچىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھەت بازىرىنى كېڭەيتىپ، جەنۇبىي شىنجاڭ ساياھىتىنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

بۈگۈنكى كۈندە، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رايون ھالقىغان ساياھەت ئىتتىپاقلىرى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئۈزلۈكسىز مەيدانغا كەلمەكتە.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)